# شى جىنپىڭ قاتار ئەمىرى تامىم بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دۈشەنبە، 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ خۇا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۈشەنبىدە قاتار ئەمىرى تامىم بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ تامىم ئەمىرنىڭ جۇڭگو ـ قاتار مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال كۈچ چىقارغانلىقىنى ئالقىشلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئەمىر ئالىيلىرى جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، بىز يېڭى ۋەزىيەتتە جۇڭگو ـ قاتار ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدۇق. ئىككى تەرەپ سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى چىڭىتىپ، داۋاملىق بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىشى، قوللىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ ئېنېرگىيە، ئىقتىساد ـ سودا، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، سېلىنما، 5 ـ ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى تېز ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىز قاتار تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز، قاتار تەرەپ بىلەن كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردا ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايمىز.

تامىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قاتار ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىستراتېگىيەلىك. مېنىڭ بۇ يىل 1 ـ ئايدا جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتىم ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە سېلىنما، ئېنېرگىيە قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئادىل مەيدانىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردىكى ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دۈشەنبە، 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لۇ چۈەنجۈڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۈشەنبىدە تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەن جۇڭگو ـ تۈركىيە مۇناسىۋىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى تەرەپ دوستلۇقىنى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچكە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگو ـ تۈركىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى سەھىپە ئېچىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئىككى تەرەپ قەتئىي تۈردە بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. تۈركىيە يىپەك يولى بويىدىكى ئەنئەنىۋى دۆلەت، بىز تۈركىيە تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايمىز. جۇڭگو، تۈركىيە ھەر ئىككىسى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى، ئىككى تەرەپ 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ساھەلەردىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئەردوغان رەئىس شى جىنپىڭنىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈركىيە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا، پۇل مۇئامىلە، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى تۈركىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، تۈركىيە تەرەپ ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىشنى خالايدۇ.

ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# قول تۇتۇشۇپ ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

## —— ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دۈشەنبە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **شى جىنپىڭ**

**ھۆرمەتلىك زۇڭتۇڭ راخمان،**

**ھۆرمەتلىك خىزمەتداشلار:**

دۈشەنبىگە كېلىپ ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، رەئىس دۆلەت تاجىكىستاننىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن قىلغان ئىنچىكە تەييارلىقى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنى تەسىس قىلىش قازاقىستاننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم تەشەببۇس. ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى تەسىس قىلىنغان 27 يىلدىن بۇيان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىپ، رايون خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ شاڭخەي باشلىقلار يىغىنىدا، رايون تىنچلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەن ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل يېڭى خەۋپسىزلىك قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسىيانىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلدىم، بۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. بەش يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىككى نۆۋەت رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ۋە تاجىكىستان تەرەپنىڭ ھازىر رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە چۈشىنىشنى، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولدى.

جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، تاجىكىستان تەرەپنىڭ رەئىس دۆلەتلىك خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى مۇساپىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي مەكتەپ مۇدىرلىرى مۇنبىرى ھەمدە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، پۇل مۇئامىلە، مۇھىت ئاسراش، نامراتلارنى يۆلەش، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردە پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

خىزمەتداشلار!

ئاسىيا ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش يېتەرلىك بولماسلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، خەۋپسىزلىك ۋە ئىدارە قىلىش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولۇش قاتارلىق ئورتاق خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئۇزاق داۋاملىشىدىغان تىنچلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق.

«تۆپ يېتەكچى ئىدىيە ۋە پرىنسىپنى بېكىتكەندىلا، ئاندىن مۇناسىپ ئىجرا قىلىش قائىدىسى، تۈزۈمى ۋە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.» 2015 ـ يىلى، مەن ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسىيانىڭ گۈزەل ئەتىسىنى بەرپا قىلىش ئورتاق نىشانىنى بايان قىلغانىدىم. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاسىيادىكى دۆلەتلەر تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا قەدەم قويۇش جەريانىدا، ھەمكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتتى، ھەمكارلىق ئەمەلىيىتىنى بېيىتتى، ھەمكارلىق تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە بىز بەلگىلەنگەن نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، پۈرسەتنى ئورتاق كۆتۈۋېلىپ، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

**—— ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان ـ ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئۈمىدىمىز.** ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ۋە ئىشىنىش دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك چىقىشىپ ئۆتۈش يولى. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىدە بېكىتىلگەن ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان سىياسىي تۈزۈمى ۋە تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. نۆل يىغىندىلىق كۈچ سىنىشىش، قورۇقچىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، سىياسەتتە پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورتاق تونۇشنى تەدرىجىي كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

**—— بىخەتەر ـ مۇقىم ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز.** ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇشۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي خەۋپسىزلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. بىز سۆزلىشىش، قارشىلاشماسلىق، ھەمراھ بولۇش، ئىتتىپاق تۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرىگە مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەبىيلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ئاسىيانىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان رايون خەۋپسىزلىكى رامكىسىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك خەۋپسىزلىك ۋە ئورتاق خەۋپسىزلىككە ئىنتىلىشىمىز كېرەك.

**—— تەرەققىي قىلغان ـ گۈللەنگەن ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز.** تەرەققىيات بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى باش ئاچقۇچ. بىز سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، «رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى» قاتارلىق رايون بىر گەۋدىلەشكەن ھۆججەتلىرىنى بالدۇرراق ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يىل 4 ـ ئايدىكى 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدىكى ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاسىيا ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش يېتەرلىك بولماسلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، خەۋپسىزلىك ۋە ئىدارە قىلىش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولۇش قاتارلىق ئورتاق خىرىسقا دۇچ كەلدى. 2015 ـ يىلى، مەن ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز بەلگىلەنگەن نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، پۈرسەتنى ئورتاق كۆتۈۋېلىپ، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

—— ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان ـ ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئۈمىدىمىز. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىدە بېكىتىلگەن ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان سىياسىي تۈزۈمى ۋە تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. نۆل يىغىندىلىق كۈچ سىنىشىش، قورۇقچىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، سىياسەتتە پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورتاق تونۇشنى تەدرىجىي كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

—— بىخەتەر ـ مۇقىم ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز. بىز سۆزلىشىش، قارشىلاشماسلىق، ھەمراھ بولۇش، ئىتتىپاق تۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرىگە مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەسەبىيلىك پىكىر ئېقىمى پەيدا بولۇشنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ئاسىيانىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان رايون خەۋپسىزلىكى رامكىسىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك خەۋپسىزلىك ۋە ئورتاق خەۋپسىزلىككە ئىنتىلىشىمىز كېرەك.

—— تەرەققىي قىلغان ـ گۈللەنگەن ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز. بىز سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، بۇ يىل 4 ـ ئايدىكى 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدىكى ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

—— ئوچۇق ـ سىغدۇرۇشچان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشىمىز. بىز بۇ يىل 5 ـ ئايدىكى ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىدىكى ئورتاق تونۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، سۆزلىشىش، سىغدۇرۇشچان بولۇش مەدەنىيلىك قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. كۆپ خىللىقنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشى ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئەۋزەللىكىدىن ھالقىشىمىز، ئىناق بىللە ياشاش ئارقىلىق مەدەنىيلىك توقۇنۇشىدىن ھالقىشىمىز، ئارىلىشىپ ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئارازلىقىدىن ھالقىشىمىز، گۈللىنىپ ئورتاق ئىلگىرىلەش ئارقىلىق مەدەنىيلىك قاتماللىقىدىن ھالقىشىمىز كېرەك.

—— ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئېھتىياجىمىز. بىز نەزەرىيە، تۈزۈم، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ كونا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى جاۋاب ئىزدەپ، يېڭى مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياخشى جاۋاب ئىزدەپ، ئاسىيا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ. ئاسىيا چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو داۋاملىق دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپە قوشقۇچىسى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بىز قەتئىي ھالدا تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان، قوشنىلارغا ئورا كولايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش تۈرلۈك پرىنسىپى ئاساسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالاش ـ تارتىشىنى تىنچ شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سۆھبەتلىشىپ ـ كېڭىشىپ ھەل قىلىشنى قوللايدۇ.

ئىككىنچى، بىز ئېچىۋېتىش، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىق سۈپىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا سىجىل قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بۇ يىل 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىگە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز قەتئىي ھالدا كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغدايمىز. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداشنى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداشنى خالايدۇ. ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش روھىغا ئاساسەن باراۋەر سۆھبەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانى ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا قائىدىسى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى، ھەرگىزمۇ ھە دېسىلا قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىللىككە مۇراجىئەت قىلماسلىقى كېرەك. جۇڭگونىڭ بۇ مەيدانى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورۇنلۇق تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق بولۇپلا قالماي، يەنە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدىغانلىق.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، تىنچلىق، مۇقىملىق، گۈللىنىشكە بوشاشماي ئىنتىلىپ، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭنىڭ سۆزى پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار جۇڭگونىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى رامكىسىدىكى سۆھبەتلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى. ھەرقايسى تەرەپلەر ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاسىيانىڭ ئەمەلىيىتىنى داۋاملىق مەۋقە قىلىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى مۇساپىسىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ئىشەنچ تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىكنى كۆزلەپ، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئاسىيانى ئۇزاققىچە تىنچ، گۈللەنگەن، ئىناق رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بىردەك قوشۇلدى.

ھەرقايسى تەرەپلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىگە ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا قانۇن مىزانىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى مەركەز قىلغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىنى تامامەن قوللاپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق قۇرۇپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى قورۇقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا تېررورىزم، ئەسەبىيلىك، دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتلەرگە ئورتاق زەربە بېرىپ، ھەرخىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇپ، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەكىتلىدى.

باشلىقلار يىغىنى «ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى.

باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن، شى جىنپىڭ راخمان باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ھەمدە خەلقئارا ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.